يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتايلى

# ھاياتلىقنى قوغداش ئۈچۈن ھەققانىيەت يولىدىن قايتمايمىز

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز چاۋ جىن، سۇ لۇپېڭ، يۈ مېڭرەن

بۇ يىل 1 ـ ئايدا، ئۇلار ۋۇخەنگە بېرىپ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى ئاغرىقلىرىنى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش سەپىرىگە ئاتلاندى؛ 7 ـ ئايدا، ئۈرۈمچىدە يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يېڭىدىن يۈز بەرگەندە، ئۇلار يەنە بىر قېتىم جەڭگە ئاتلىنىشقا ئىلتىماس قىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانىغا بېرىپ، تولۇق قوراللىنىپ ھاياتلىقنى قوغدىدى.

### كەسكىنلىك بىلەن جەڭگە ئاتلىنىشقا ئىلتىماس قىلىش پائال ئاتلىنىش

«خۇبېيغا ياردەم بېرىشتە مەن بار! يۈرتىمىز جەزمەن غەلىبە قىلىدۇ!» 7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى سەھەردە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى نەپەس ۋە خەتەرلىك ئېغىر كېسەللەرنى دىياگنوز قويۇش ـ داۋالاش مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى گوۋ ئەنشۇەن جەڭدىن ئىلگىرىكى سەپەرۋەرلىكنى تاماملاپ، خۇبېيغا ياردەم بەرگەن 11 دوختۇر ـ سېستىرانى باشلاپ، بېكىتىلگەن دوختۇرخانىنىڭ 1 ـ بىنا 4 ـ كېسەل رايونىغا كىرىپ، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى ئاغرىقلىرىنى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش خىزمىتىنى باشلىدى.

«بىزنىڭ تەجرىبىمىز بار، ئىككىلىنىشىمىز ھاجەتسىز.» گوۋ ئەنشۇەن مۇنداق دېدى: بېكىتىلگەن دوختۇرخانىغا بېرىپ ياردەم بېرىدىغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، مەن سەپداشلىرىم بىلەن بىرىنچى ۋاقىتتا تىزىمغا ئالدۇردۇم.

خۇبېيغا ياردەم بەرگەن مەزگىلدە، گوۋ ئەنشۇەن شەرەپ بىلەن مەملىكەتلىك سەھىيە ـ ساغلاملىق سىستېمىسى بويىچە يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس، دېگەن نامغا ئېرىشتى.

كېسەل رايونىغا بارغاندىن كېيىن، گوۋ ئەنشۇەننىڭ باشلامچىلىقىدا 11 ئەترەت ئەزاسى «زەربىدارلار ئەترىتى» بولۇپ تەشكىللىنىپ خىزمەتلەرنى باشلىدى. ئارقىدىن، نەپەس يولى ئېغىر كېسەللىرى، جىددىي دىياگنوز قويۇش، ئېغىر كېسەل، ياشانغانلار كېسىلى، ئىچكى ئاجراتما، ھەزىم قىلىش قاتارلىق كۆپ بۆلۈمدىن تەشكىللەنگەن «سەرخىل قىسىم» قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش خىزمىتىگە پائال ئاتلاندى.

«بىرلەشمە مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ كۈچلۈك قوللىشى بىلەن، كېسەل رايونى 7 ـ نۇسخىدىكى كۆرسەتمىگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، بىرخىللاشقان، قېلىپلاشقان قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش ۋە كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى.» گوۋ ئەنشۇەن مۇنداق تونۇشتۇردى: بۇ قېتىم قوبۇل قىلىپ داۋالىغان ئاغرىقلارنىڭ كۆپىنچىسى يېنىك تىپلىق ۋە ئادەتتىكى تىپلىق بولۇپ، دورا بىلەن ئاكتىپ داۋالاش ئاساسىدا، پسىخكىلىق يېتەكلەش ۋە تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئېلىشقا ئەھمىيەت بەردۇق، بۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ئاغرىقلارنىڭ تۇرمۇشىنى باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى رەتلەپ مۇكەممەللەشتۈردۇق، كېسەل رايونىغا ئۆزى تاللايدىغان يېمەكلىك جازىسى تەسىس قىلدۇق، ئالاھىدە ئاغرىقلارنى خاسلاشقان تۇرمۇشتىن خەۋەر ئېلىش بىلەن تەمىنلىدۇق.

### قۇربىنىڭ يېتىشچە سەپداشلىرىنىڭ ئامان ـ ئېسەنلىكىنى قوغداش

8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى سائەت 9دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، بېكىتىلگەن دوختۇرخانىنىڭ 4 ـ بىنا 12 ـ كېسەل رايونىدا، يۇقۇملىنىشنى تىزگىنلەيدىغان سېستىرا ما شياۋچېن يېرىم بۇلغانغان رايوندا دەل ۋاقتىدا ھازىر بولدى.

قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش جەريانىدا، دوختۇر ـ سېستىرالارنىڭ شەخسىي مۇداپىئەلىنىش ۋە دوختۇرخانىنىڭ يۇقۇملىنىشنى تىزگىنلەش تەرتىپىنى باشقۇرۇش، كونترول قىلىشنى ياخشى ئىشلەش ئىنتايىن مۇھىم، يۇقۇملىنىشنى تىزگىنلەيدىغان سېستىرالارنىڭ مۇھىملىقى ھەممىگە ئايان. ما شياۋچېن شىنجاڭ تېببىي داشۆسى قارمىقىدىكى 5 ـ دوختۇرخانا ئىچكى كېسەللەر بۆلۈمىنىڭ سېستىراسى، بۇ ئۇنىڭ ئىككىنچى قېتىم جەڭگە قاتنىشىشقا ئىلتىماس قىلىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش بىرىنچى سېپىگە ئاتلىنىشى، «مەن شىنجاڭنىڭ خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتىگە قاتناشقان، تەجرىبەم بار، مەن جەزمەن ئاتلىنىشىم كېرەك».

«ئاۋۋال كۆزىڭىزنى يۇمۇپ، ئاندىن كۆز قوغداش ئەينىكىنى ئېلىڭ» «قولىڭىزنى دېزىنفېكسىيە قىلىش ۋاقتى 15 سېكۇنتقا توشمىدى، داۋاملاشتۇرۇڭ». ما شياۋچېن ھەربىر ھالقىنى چىڭ كۆزلەپ، سەپداشلىرىنىڭ توغرا قەدەم ـ باسقۇچلارغا دىققەت قىلىشىنى ئەسكەرتتى. ئۇلار بارلىق مۇداپىئەلىنىش بۇيۇملىرىنى سېلىۋېتىپ، تاشقى كېسەللەر ماسكىسىنى تاقىغاندىلا، ما شياۋچېن ئاندىن ئازراق ئارام ئالالايدۇ، «ھەر قېتىملىق كىيىش ـ سېلىش تەپسىلاتىنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن مۇھىم، ئازراق بىخەستەلىك قىلىنسىلا ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملىنىش خەۋپ ـ خەتىرى بار».

ھەربىر بەن بۇرۇننى ئېچىشتۇرىدىغان دېزىنفېكسىيە سۇيۇقلۇقىنىڭ پۇرىقى بىلەن تولغان بوشلۇقتا تۆت سائەتتىن ئالتە سائەتكىچە خىزمەت قىلىدۇ، سۇ ئىچىشكە پېتىنالمايدۇ، ھاجەتخانىغا بېرىشقا پېتىنالمايدۇ، بەزىدە ھەتتا بېشى قېيىپ، كۆزى قاراڭغۇلىشىپ كېتىدۇ، لېكىن بۇلار ما شياۋچېننىڭ نەزىرىدە ئانچە قورقۇنچلۇق ئەمەس، «بۇ مەيدان ئىس ـ تۈتەكسىز جەڭدە، مەن جەزمەن قۇربىمنىڭ يېتىشىچە سەپداشلىرىمنىڭ ئامان ـ ئېسەنلىكىنى قوغدايمەن».

### ئېغىر يۈكنى باتۇرلۇق بىلەن زىممىگە ئېلىش باش تارتماسلىق

«8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى سەھەر سائەت 2دىن 50 مىنۇت ئۆتكەندە، بېكىتىلگەن دوختۇرخانىنىڭ ICU 1 ـ كېسەل رايونىدا، شىنجاڭ تېببىي داشۆسى قارمىقىدىكى 1 ـ دوختۇرخانا ئېغىر كېسەللەر تېببىي مەركىزى 1 ـ كېسەل رايونىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى يۈ چاۋشيا ئەمدىلا بىر ئاغرىقنى جىددىي قۇتقۇزۇشنى تاماملىدى.

بۇ بىر كۈندە، يۈ چاۋشيا ئىككى قېتىم كوللېكتىپ دىياگنوز قويۇش، ئىككى قېتىم ياتاق تەكشۈرۈشكە قاتنىشىپ، كېسەل رايونىدىكى ئۈچ ئاغرىقنى نەپەس ئەينىكىدە تەكشۈردى، بەدەن سىرتىدا ئوكسىگېنلاش (ECMO) ئوپېراتسىيەسىدىن ئىككىنى تاماملىدى، بۇنداق خىزمەت رىتىمى ئۇنىڭ ئۈچۈن نورمال ئىشقا ئايلانغانىدى.

خۇبېيغا ياردەم بەرگەندە توپلىغان قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش تەجرىبىلىرىنى ئېلىپ، بۇ قېتىم يۈ چاۋشيا تەشەببۇسكارلىق بىلەن تىزىمغا ئالدۇرۇپ ھەم ئېغىر يۈكنى باتۇرلۇق بىلەن زىممىسىگە ئېلىپ، شىنجاڭ تېببىي داشۆسى قارمىقىدىكى 1 ـ دوختۇرخانىدىكى 56 دوختۇر ـ سېستىرانىڭ يېتەكچىسى بولدى. 7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، بېكىتىلگەن دوختۇرخانىنىڭ ICU كېسەل رايونىغا كىرگەندىن بۇيان، يۈ چاۋشيانىڭ كۈندىلىك خىزمەت كۈنتەرتىپى توشۇپ كەتتى، بىرلەشمە مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى بىلەن ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىش نەتىجىسىدە، ئۇ تۇرۇشلۇق ICU كېسەل رايونىدىكى نۇرغۇن ئاغرىق ئېغىر كېسەلدىن ئادەتتىكى تىپلىققا ئۆزگەردى.

«تېببىي خىزمەتچى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەش بىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىمىز. ئىشىنىمىزكى، كۆپچىلىكنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا، غەلىبە ئالدىمىزدىلا» دېدى يۈ چاۋشيا قەتئىيلىك بىلەن.



8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، پارتىيەلىك پىدائىيلار ئاھالىلەر ئېھتىياجلىق كۆكتاتلارنى بۆلۈپ قاچىلىماقتا.

## پارتىيەلىك پىدائىيلار بىرىنچى سەپتە مەسئۇلىيەتچانلىقنى نامايان قىلدى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جوۋ پېڭ فوتوسى، خەۋىرى



8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، ئاھالىلەرگە تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى تەقسىملەپ يەتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، پىدائىي پېشانىسىدىكى تەرنى سۈرتمەكتە.

«ئاھالىلەر زاكاز قىلغان گۆش كەلدى، ھاۋا بەك ئىسسىق، ئاسان بۇزۇلۇپ قالىدۇ، كۆپچىلىك ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ تەقسىملەپ يەتكۈزۈپ بېرىڭلار.» 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونى بەخت يولى تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى جۇڭخۇەن يولى شىمالىي مەھەللىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ماھىرە ئابدۇرېشىت ۋېيشىن توپىدا پىدائىيلارغا ئۇقتۇرۇش قىلدى.

ئۈرۈمچىدە يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يېڭىدىن يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئاھالىلەرگە مۇلازىمەت قىلىش خىزمىتىنى تېخىمۇ پۇختا، تېخىمۇ ئىنچىكە ئىشلەپ، ئاھالىلەرنى ئائىلىسىدە خاتىرجەم تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، جۇڭخۇەن يولى شىمالىي مەھەللىسى پىدائىيلار مۇلازىمەت ئەترىتى تەشكىللەپ قۇردى.



8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، پارتىيەلىك پىدائىي ئاھالىلەرگە تۇرمۇش ماددىي ئەشيالىرىنى تەقسىملەپ يەتكۈزمەكتە.

«مەھەللىمىزدىكى نۇرغۇن ئاھالە تەشەببۇسكارلىق بىلەن پىدائىيلار مۇلازىمىتىگە قاتنىشىشقا تىزىملاتتى.» ماھىرە ئابدۇرېشىت مۇنداق دېدى: مەھەللىدىكى 14 پارتىيەلىك كادىر ئاۋانگارت نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيە ئەزالىرى زەربىدارلار ئەترىتىنى تەشكىللەپ قۇرۇپ، باشقا پىدائىيلارنى يېتەكلەپ ئاممىنىڭ ئېھتىياجىنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ، ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىغا 24 سائەت كاپالەتلىك قىلدى.

«پىدائىيلار ھەر كۈنى بىز ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدۇ، ئۇلار مۇداپىئەلىنىش كىيىمى كىيىۋالغاچقا، چىرايىنى ئېنىق كۆرەلمىسەممۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ مەيدىسىدىكى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان پارتىيە ئىزنىكىدىن ئىنتايىن ئىللىقلىق ھېس قىلىمەن» دېدى ئاھالە ۋاڭ مېيلەن.

سۈرەتلىك ھېكايە

# 900 تونىنا قەشقەر شىنمىيىسى ھۆددە ئېلىنغان ئايروپىلان بىلەن شىنجاڭدىن چىقىرىلىشقا باشلىدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

قەشقەر شىنمىيىسىنىڭ تەمى تاتلىق بولغاچقا، ئىچكى رايونلاردىكى ئىستېمالچىلارنىڭ چوڭقۇر ياقتۇرۇشىغا ئېرىشتى. يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ تەسىرىدە، شىنمىيىنى سىرتقا سېتىشتا قىيىنچىلىق كۆرۈلدى. قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتى ۋە مەمۇرىي مەھكىمە تېرىقچىلىق ئائىلىلىرى ئالدىرىغانغا ئالدىراپ، بارلىق ئامال ـ چارىلەر بىلەن شىنمىيىنى سىرتقا سېتىش يوللىرىنى راۋانلاشتۇردى. كۆپ تەرەپلىك ماسلاشتۇرۇش ئارقىلىق، قەشقەر ۋىلايەتلىك تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى مۇناسىپ ياردەم تولۇقلىمىسى بېرىش سىياسىتىنى چىقاردى، شىنجاڭ قاتناش قۇرۇلۇشى ئەشيا ئوبوروتى چەكلىك شىركىتى بازار ئېچىشقا مەسئۇل بولدى، تيەنيۈەن خەلقئارا ئەشيا ئوبوروتى چەكلىك شىركىتى كاپالەتلىك قىلىش، ماسلاشتۇرۇشقا مەسئۇل بولدى، جەنۇب ئاۋىياتسىيە شىركىتى ھۆددە ئېلىنغان ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلدى، ئۇلار قەشقەر شىنمىيىسىنىڭ بىرىنچى ۋاقىتتا مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا توشۇلۇشىغا ئورتاق كۈچ قوشتى.

جەنۇب ئاۋىياتسىيەسى شىنجاڭ شۆبە شىركىتى قەشقەر تىجارەت باشقارمىسىنىڭ يۈك ترانسپورت دىرېكتورى لى جيەن مۇنداق تونۇشتۇردى: شىنمىيىنىڭ شېخىدىن ئۈزۈلگەندىن كېيىن تېز سۈرئەتتە مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئايرىپ بۆلۈپ ئالماشتۇرۇپ توشۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، جەنۇب ئاۋىياتسىيەسى ئەشيا ئوبوروتى شىركىتى شىنجاڭ تىجارەت بۆلۈمى قەشقەر، شىخەن ئايرودرۇملىرى بىلەن ھەرىكەت ھالىتىدە بىرلىشىپ ھەرىكەتكە كېلىپ، مال كاپالىتى ئۇچۇرلىرىنى ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ، ئەشيا ئوبوروتى مۇلازىمەت زەنجىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، مالنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىنى ئەڭ زور دەرىجىدە تۆۋەنلىتىپ، ئايروپىلان ھۆددە ئالغۇچى تەرەپنىڭ مالنى بىرىنچى ۋاقىتتا تاپشۇرۇۋېلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ، پۈتۈن مۇساپىدە يوچۇقسىز ئۇدۇللاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى.

ئىگىلىنىشىچە، كېيىنكى قەدەمدە، جەنۇب ئاۋىياتسىيە شىركىتى ئەمەلىي ترانسپورت ئېھتىياجىغا ئاساسەن ترانسپورت كۈچىنى دەل ۋاقتىدا تەڭشەپ، بوشلۇقتا نامراتلارنى يۆلەش مەخسۇس يولى ئېچىپ، شىنجاڭنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئەلا سۈپەتلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سىرتقا چىقىرىلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ قوشىدىكەن.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«بۇنى ئېلىڭ، قاتتىق پوستلۇق مېۋىلەرنىمۇ تولۇقلاش كېرەك.» بۇ كېسەل رايونىنىڭ سېستىرالار باشلىقى بەي جىئەي بىر بولاق قۇرۇق مېۋىنى ئاغرىقنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

«رەھمەت، بۇ يەردە ھەقىقەتەن نېمە دېسە شۇ بار ئىكەن.» كېسەل رايونىدىكى «مېھىر ـ شەپقەت سۇپىسى» تىلغا ئېلىنغاندا، بۇ ئاغرىق ئىنتايىن يېقىملىق ھېس قىلدى.

«نۇرغۇن ئاغرىق بۇ يەرگە كەلگەن چاغدا كۈندىلىك بۇيۇملارنى تولۇق ئەكېلىۋالمىغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە بىز يەنە ئاغرىقلارنىڭ ئوزۇقلۇقىنى مولراق قىلىشنى ئويلىدۇق.» بەي جىئەي دوختۇر ـ سېستىرالارنى تەشكىللەپ كېسەل رايونىدا «مېھىر ـ شەپقەت سۇپىسى» تەسىس قىلدى. دوختۇر ـ سېستىرالار ئۆزلىرىنىڭ مېۋە ـ چېۋە، ئۇششاق ـ چۈششەك يېمەكلىك قاتارلىق نەرسىلىرىنى، دوختۇرخانا ھەرقايسى كېسەل رايونلىرىغا سەپلەپ بەرگەن يۇيۇنۇش، يۇيۇش بۇيۇملىرى قاتارلىق تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى داۋالاش ھارۋىسىغا تىزىپ، ئاغرىقلارنىڭ ئىشلىتىشى ئۈچۈن ھەقسىز تەمىنلىدى.

كۆچمە «مېھىر ـ شەپقەت سۇپىسى» مانا مۇشۇنداق «تىجارەت» باشلىدى، ھەر كۈنى بۇيۇملارنىڭ «كەم قالغانلىرىنى تەكشۈرۈپ، يەتمىگەنلىرىنى تولۇقلىدى». كىچىككىنە «مېھىر ـ شەپقەت سۇپىسى» ئىللىقلىق يەتكۈزۈپ، مېھىر ـ شەپقەتنى مۇجەسسەملىدى.

«سىلەرنىڭ مۇشۇنداق بوشاشماي چىڭ تۇتۇشۇڭلاردىن، بىز ھەممە ئىشنىڭ ياخشى بولۇپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.» 5 ـ كېسەل رايونىدىكى «سالامەتلىكىڭىزنىڭ ئەسلىگە كەلگەنلىكىگە مۇبارەك» دېگەن ۋېيشىن توپىدا، ئاغرىقلار دوختۇر ـ سېستىرالارغا بولغان رەھمىتىنى بىلدۈرۈپ تۇرىدۇ، يەنە ئۆزئارا ئىلھام، مەدەت بېرىپ تۇرىدۇ.

«دوختۇر ـ سېستىرالار ئۆزىمىزنىڭ ئەڭ زور تىرىشچانلىقىنى كۆرسىتىپ، خىزمەتلەرنى يەنىمۇ ئىنچىكە ئىشلىسەكلا، ئاندىن ئاغرىقلارنى خاتىرجەم داۋالىنىپ سالامەتلىكىنى بالدۇرراق ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلالايمىز» دېدى بۇ كېسەل رايونىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ جاۋ.